# بەختلىك ئائىلەم



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن كېيىن يەھيانىڭ ئۆيىدىكى ئائىلە
ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئۆيگە تولۇق جەم بولغانىدى. مەريەم
ئەممە پارە بىلەن تەبارەك پارىسىنى يادلاپ بولغان ئىدى.
يەھيا سۈرە بەقەرەنى ئوقۇپ تۈگەتكەن ئىدى.



دادسى ئۇلارغا: -سىلەر قۇرئاننى ئۆگىنىپ چۈشىنىپ مېڭىۋاتامسىلەر؟ سىلەردىن بىر سوئال سوراپ باقاي، قېنى كىم توغرا جاۋاپ بېرەلەيدۇ؟ «لائىلاھە ئىللەللاھ» نىڭ مەنىسى نېمە؟ - دەپ سوراپتۇ.




مەريەم: -ئۇنىڭ مەنىسى:
«ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە
لايىق ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوق» تۇر.
لا إله إلا الله محمد رسول الله


يەھيا: -توغرا دادا، ئاللاھ يەككە-يېگانە ئبادەتكە لايق زاتتۇر. بز مەيلى بۇتلارغا بولسۇن، مەيلى باشقا مەخلۇقاتلارغا بولسۇن ئبادەت قلمايمز. پەقەت بزنى ياراتقان يالغۇز ئاللاھقلا ئبادەت قلمز.
لا إله إلا الله محمد رسول الله


ـ ئاپىرىن سىلەرگە، بالىلىرىم!


ـ ئىبادەت دېگەن نېمە؟


مەريەم: -ئىبادەت دېگىنىمىز، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەرقانداق ئاشكارا ۋە مەخپىي سۆز-ھەرىكەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر.


يەھيا: -ئاللاھنى ھېچبىر مەخلۇققا ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە ياخشى كۆرىمىز. ئاللاھقا بولغان سۆيگۈمىز ئۈنىڭ بارلىق ئەمىر-پەرمانلىرىنى بىجانىدىللىق بىلەن بەجا كەلتۈرۈشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.


- ئاپىرىن سىلەرگە، بالىلىرىم!
ئاللاھ سىلەرگە مەنپەئەتلىك
بىلىم ئاتا قىلسۇن!


ئانىسى: -قىزىم، ماڭا بىر ئىستاكان سۇ ئەكېلىپ بېرىڭە!
- ئانا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش يۈزىسىدىن بۇيرۇقىڭىزغا بويسۇنۇشۇم كېرەك. بىراق، ئاشخانا ناھايىتى قاراڭغۇ، مەن يالغۇز كىرىشتىن قورقىمەن.


ئانىسى: -ئاللاھ ھەرۋاقىت بىز بىلەن بىللە قىزىم،
ئۇ بىزنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدۇ، گەپ-سۆزلىرىمىزنى
ئاڭلاپ تۇرىدۇ. بىز ئاللاھقا ئىشىنىمىز، ئۇنىڭغا
ئىتائەت قىلىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ بىرىدىن
قورقمايمىز. چۈنكى، ئاللاھ ئەڭ ياخشى مۇھاپىزەتچى،
ئۇ بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان زاتتۇر.
«ئاجىز مۆمىندىن كۈچلۈك مۆمىن ياخشىراق ۋە
ئاللاھقا سۆيۈملۈكرەك، ھەربىرىدە ياخشىلىق باردۇر».
(ھەدىس)


توغرا دەيسىز، قىزىم، ئىنساندا ھەرخىل قورقۇنچ
بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما، قورقىنىمىزدا
دەرھال ئاللاھقا دۇئا قىلىمىز، ئۇنىڭغا ئىلتىجا
قىلىمىز ۋە ئالـلاھ ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ
يامانلىقىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.
مۆمىن كىشىنىڭ قەلبى ھەمىشە ئاللاھ بىلەن
بولىدۇ. مانا بۇ ئىبادەتنىڭ ھەقىقى مەنىسى.

بۇ ھېكايىدىن ئېرىشكەنلىرىمىز:

* لائىلاھە ئىللەللاھ» نىڭ مەنىسى.
* ئىبادەتنىڭ مەنىسى.

